شى جىنپىڭ قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈش ۋە ئېچىش مۇراسىمىغا قاتناشتى ھەم مۇنداق جاكارلىدى

بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى رەسمىي ئېچىلدى

(بېشى 1 - بەتتە)

مۇراسىم ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ قاتارلىقلار خەلق سارىيىنىڭ خېبېي زالىغا كېلىپ، بېيدوۋ سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىيات نەتىجىلىرى كۆرگەزمىسى، نامايەندىلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، قۇرۇلۇش قىلىش، يۈرۈشتۈرۈش مۇلازىتى، قوللىنىشنى كېڭەيتىش، خەلقئارا ھەمكارلىق ۋە تەرەققىياتقا نەزەر توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىدى. بېيدوۋ سىستېمىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئۆز ئالدىغا تىزگىنلىگىلى بولىدىغان مۇھىم نەتىجىلىرى ۋە كۆلەملەشتۈرۈپ، بازارلاشتۇرۇپ، كەسىپلەشتۈرۈپ قوللىنىش ھەمدە خەلقئارالىشىش مۇساپىسىنى نامايان قىلىدىغان كۆرگەزمە تاختىسى ۋە كۆرگەزمە بۇيۇملىرى شى جىنپىڭنىڭ دىققىتىنى تارتتى، ئۇ پات - پات توختاپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تەپسىلىي سورىدى.

شى جىنپىڭ بېيدوۋ سىستېمىسى بولۇپمۇ بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىدا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتۈپ ئېچىلغانلىقى دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئىشلارنى قىلىشتەك سىياسىي ئەۋزەللىكىنى تولۇق نامايان قىلدى، دۆلىتىمىزنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئۆستۈرۈشتە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى دائىملاشتۇرۇش شارائىتىدا دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇشتا، ھازىرقى خەلقئارا ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە دۆلىتىمىزنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىشكە تۈرتكە بولۇشتا، مىللەتنىڭ ئىشەنچىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۈچەيتىپ، تىرىشىپ «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. 26 يىلدىن بۇيان، بېيدوۋ سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىپ ياساش قۇرۇلۇشىغا قاتناشقان بارلىق خادىملار قىيىنچىلىققا قارشى ئالغا ئىلگىرىلەپ، قاتتىق جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، داۋاملاشما كۆرەش قىلىپ، «ئىككى بومبا، بىر سۈنئىي ھەمراھ» روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى دەۋر بېيدوۋ روھىنى يېتىلدۈردى، ياخشى ۋارىسلىق قىلىش، ياخشى ئەۋج ئالدۇرۇش كېرەك. بېيدوۋ سىستېمىسىنى قوللىنىشنى كېڭەيتىپ، سىستېمىنىڭ مۇقىم يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق كېيىنكى باسقۇچلۇق تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، شۈ چىلياڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ ھەمدە لى زوچېڭ يۇقىرىقى پائالىيەتكە قاتناشتى.

مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى، ئارمىيىنىڭ ئالاقىدار ئورۇنلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، بېيدوۋ سىستېمىسىنى تەتقىق قىلىشقا قاتناشقان، قۇرۇشقا قاتناشقان ۋەكىللەر قاتارلىقلار مۇراسىمغا قاتناشتى.

بېيدوۋ سىستېمىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەدبىر بەلگىلەپ يولغا قويغان دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور پەن - تېخنىكا قۇرۇلۇشى. قۇرۇلۇش 1994 - يىلى قوزغىتىلغان، 2000 - يىلى بېيدوۋ 1 - نومۇرلۇق سىستېما قۇرۇلۇشى تاماملانغان، 2012 - يىلى بېيدوۋ 2 - نومۇرلۇق سىستېما قۇرۇلۇشى تاماملانغان. بېيدوۋ 3 - نومۇرلۇق يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك قۇرۇلۇپ پۈتۈشى ھەم مۇلازىمەتنى ئېچىشى قۇرۇلۇشنىڭ «ئۈچ قەدەملىك مېڭىش» تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىدە ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلغانلىقىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ دۇنيادا ئۈچىنچى بولۇپ مۇستەقىل ھالدا يەرشارىۋى سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسىغا ئىگە دۆلەتكە ئايلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. نۆۋەتتە، پۈتۈن يەر شارىدا 120دىن ئارتۇق دۆلەت ۋە رايون بېيدوۋ سىستېمىسىنى ئىشلەتمەكتە.

(بېشى 1 - بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېت دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش توغرىسىدا يېڭى ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزدى ۋە ئورۇنلاشتۇردى. ئارمىيىنى سىياسىي ئارقىلىق قۇرۇش، ئارمىيىنى ئىسلاھات ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيىنى پەن - تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيىنى ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق قۇدرەت تاپقۇزۇش، ئارمىيىنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي نەزەرىيە، ئارمىيىنىڭ تەشكىلىي ھالىتى، ھەربىي خادىملار، قورال - جابدۇقلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، ماشىنىلاشتۇرۇش، ئۇچۇرلاشتۇرۇش، ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇشنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، ئەسكەرلەرنى مەشىقلەندۈرۈش، ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر، دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، يېڭى تېپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى خەلقئارا ۋەزىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى، دۆلىتىمىزنىڭ خەۋپسىزلىك ۋەزىيىتىدە ئېنىقسىزلىق، مۇقىمسىزلىق زورايدى. دۇنيا يېڭى ھەربىي ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى بىزنى تېپىلغۇسىز پۇرسەت بىلەن تەمىنلىدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە كەسكىن خىرىسقىمۇ دۇچ كەلدۇق. بۇرچ تۈيغۇسى ۋە تەخىرسىزلىك تۈيغۇسىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيىمىزنىڭ زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنىڭ ھالقىما تەرەققىياتىنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئورۇنلاشتۇرمىسىغا ماسلىشىپ، يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيىمىزنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ياخشى تۈزۈپ، ئىلمىي يول خەرىتىسى، قۇرۇلۇش قىلىش خەرىتىسىنى شەكىللەندۈرۈشىمىز كېرەك. يۆنىلىش ئۆزگىرىپ كەتمەسلىك، يولدىن ئېغىپ كەتمەسلىك، سالماقنى ئازايتماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، ھەربىي سىياسەت - تۈزۈم ئىسلاھاتىدىن ئىبارەت بۇ مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، تۈرلۈك ئىسلاھات خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، جەڭگىۋار كۈچنى ئۆزلۈكسىز ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، ئارمىيىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئازاد قىلىش ۋە كۈچەيتىش كېرەك. ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىدا چىڭ تۇرۇپ، ئاساسىي تەتقىقات ۋە دەسلەپكى يېڭىلىق يارىتىشنى كۈچەيتىپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىپ، ئىستراتېگىيەلىك، ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئاغدۇرۇش خاراكتېرلىك تېخنىكىلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكىسى ۋە قورال - جابدۇق مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك قۇرۇلۇشلىرىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ئارمىيىمىز قۇرۇلۇشىنىڭ پەن - تېخنىكا تەركىبىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. يېڭى دەۋردىكى ھەربىي مائارىپ فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۈچ بىر گەۋدىلەشكەن ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ھەربىي ئادەم كۈچى بايلىقىنى باشقۇرۇشتا يېڭىلىق يارىتىپ، ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولغان يۇقىرى ساپالىق، كەسپىلەشكەن يېڭىچە ھەربىي ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈپ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا تەكلىپ قىلىش كېرەك. باشقۇرۇش ئىدىيىسىنى يېڭىلاپ، ئىستراتېگىيەلىك ساپانى ئۆستۈرۈپ، تۈزۈم، مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىستراتېگىيەلىك باشقۇرۇش زەنجىرسىمان يولىنى راۋانلاشتۇرۇپ، ھەربىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ئىنقىلابىنى ماھىيەتلىك ئالغا سىلجىتىپ، ھەربىي ئىشلار سىستېمىسىنىڭ يۈرۈشۈش ئۈنۈم ئىقتىدارى ۋە دۆلەت مۇداپىئە بايلىقىنى ئىشلىتىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت بىر تاختا شاھمات بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئارمىيە بىلەن يەرلىك بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەتلەر دۆلەت مۇداپىئە ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، زىممىسىگە ئالغان ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردە زور كۈچ بىلەن قوللاپ، ھەربىيلەر ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ شۇ جايدا ئىشقا ئورۇنلىشىشى، پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى، يەسلىگە كىرىشى، نەپىقە بېرىش سىياسىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە ئارمىيىدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە غەم - ئەندىشىدىن پائال خالاس قىلىشى كېرەك. ئارمىيە مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىشىش، ماسلىشىشنى ياخشى قىلىپ، بىرلىكتە دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ، بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يېڭىچە پۈتۈن دۆلەت تۈزۈلمىسىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، قەتئىي تەۋرەنمەي جۇڭگوچە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش يولىغا مېڭىش يېڭى مۇساپىسىدە قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر ئۇلۇغ غەلىبە بولۇپ، جەزمەن پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى «تۆت ئاڭ»نى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىدىغان روھىي ھالەت، گۈزەل دەۋرنى قەدىرلەيدىغان دەۋر مەسئۇلىيەتچانلىقى، ئەمەلىي ئىشلەپ دۆلەتنى گۈللەندۈرىدىغان ئىرادە، غەيرەت بىلەن، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى جاسارەت بىلەن يارىتىشقا رىغبەتلەندۈرىدۇ. ۋەتەن ۋە خەلق سىلەرنىڭ تارىخىي تۆھپەڭلارنى مەڭگۈ ئەستە چىڭ ساقلايدۇ!

يۇلتۇزلۇق ئاسمانغا نەزەر سالساق، بېيدوۋ كۆزنى قاماشتۇرىدۇ، پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىدۇ. بېيدوۋ سۈنئىي ھەمراھ يول باشلاش سىستېمىسى يەرشارىۋى مۇلازىمەتنىڭ يېڭى باسقۇچىغا كىردى، بېيدوۋ سىستېمىسىنى قوللىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كەڭ ئىستىقبال ۋە پۈتۈنلەي يېڭى خىرىسقا دۇچ كەلدى، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان بېيدوۋ ئۇنىۋېرسال ئورۇن بەلگىلەش، يول باشلاش، ۋاقىتتىن خەۋەرلەندۈرۈش سىستېمىسىنى قۇرۇش قاتارلىق كېيىنكى ۋەزىپىلەر يەنىلا مۈشكۈل، ئېغىر. سىلەرنىڭ يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى ۋە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 -، 3 -، 4 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ۋە «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى زىچ چۆرىدەپ، «ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىدىغان، ئېچىۋېتىلگەن، يۇغۇرۇلغان، ھەممە بىر نىيەتتە بولغان، قالتىس بولۇشقا ئىنتىلىدىغان» يېڭى دەۋر بېيدوۋ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بوشاشماي ئىزدىنىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز!

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى
گوۋۇيۈەن
مەركىزىي ھەربىي كومىتېت
2020 - يىل 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تېلېگراممىسى

(بېشى 1 - بەتتە)

ماقالىدە مۇنۇلار تەكىتلەندى: تەشكىلىي قۇرۇلۇش پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيەنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. بىز قىلچە تەۋرەنمەي پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، ئۆزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقساقلا، بوران چىقىپ دولقۇن كۆتۈرۈلسىمۇ، بېلىق تۇتۇش سۇپىسىدا مەزمۇت ئولتۇرالايمىز.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، بىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى، بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيانقى پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىگە قارىتا يىغىنچاقلاش ئېلىپ باردۇق. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىلمىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى، پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ ئىلمىي ماھىيەتلىك مەزمۇنى ۋە ئەمەلىيەت تەلىپىنى توغرا چۈشىنىپ، نىشان يۆنىلىشى، مەسىلە يۆنىلىشى، نەتىجە يۆنىلىشىنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىي تەلىپىنى توغرا، ياخشى ئىگىلىشىمىز كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. توغرا سىياسىي لۇشيەن توغرا تەشكىلىي لۇشيەننى بەلگىلەيدۇ، توغرا تەشكىلىي لۇشيەن توغرا سىياسىي لۇشيەنگە مۇلازىمەت قىلىدۇ، كاپالەتلىك قىلىدۇ. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ تۈپ مەقسىتى پارتىيەنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەت.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ ئىلمىي نەزەرىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇشنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە ھەم «ئوبراز تىكلەش»، تېخىمۇ مۇھىمى «روھنى تاۋلاش» كېرەك. ماركسىزم، بولۇپمۇ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى كۈچەيتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا ماركسىزملىق نەزەرىيە قورالىنى ئىگىلىتىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيەسى ۋە قوللىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق ھالدا پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىشچان نەزەرىيەسىنى يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەمەلىيەت كۈچىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ تەشكىلىي سىستېما قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىزنىڭ پارتىيەمىز پارتىيەنىڭ مەركەزدىكى تەشكىلاتلىرى، يەرلىكتىكى تەشكىلاتلىرى، ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۇختا تەشكىلىي سىستېمىسىنى بەرپا قىلدى. بۇ، دۇنيادىكى باشقا ھەرقانداق سىياسىي پارتىيەدە بولمىغان قۇدرەتلىك ئەۋزەللىك. پارتىيەنىڭ مەركەزدىكى تەشكىلاتلىرى، يەرلىكتىكى تەشكىلاتلىرى، ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلاتلىرىنىڭ ھەممىسى قۇدرەتلىك، كۈچلۈك بولۇپ، رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغاندىلا، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە قۇدرىتىنى تولۇق نامايان قىلغىلى بولىدۇ. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىدىغان، ئىنتىزامغا رىئايە قىلىدىغان، مەسئۇلىيەتچان، ئۈنۈملۈك نەمۇنىلىك ئورگان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، يەرلىك پارتىيە كومىتېتلىرىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا قەتئىي بويسۇنىدىغان، باشقۇرۇشى قاتتىق، نازارەتچىلىكى كۈچلۈك، بەنزىسى ئىتتىپاق، كەيپىياتى ساپ بولغان كۈچلۈك تەشكىلات قىلىپ قۇرۇپ چىقىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇستەھكەم جەڭگىۋار قورغان قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تايانچلىرى قوشۇنى ۋە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. بىزنىڭ ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى پۇرسەت يېتىلدۈرۈپ، يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، گۈللىنىشنى كۆزلىشىمىزدە ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنىنى ياخشى قۇرۇش، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشتا. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىدە ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش، ئەخلاقنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش، ئىختىساسلىقلارنى تاللاپ ئىشلىتىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كادىرلارنى تاللاش، ئىختىساسلىقلارنى ئىشلىتىشتە ھەم ئەخلاققا ئەھمىيەت بېرىش، ھەم قابىلىيەتكىمۇ سەل قارىماسلىقنى تەكىتلىگەنلىكتۇر. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى سىياسىي ئۆتكەل، پاكلىق ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىشى، ساپا ئۆتكىلى، ئىقتىدار ئۆتكىلىنى چىڭ ئىگىلىشى كېرەك. كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىختىساسلىقلار تەرەققىياتى تۈزۈلمە مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تىرىشىپ جاھاندىكى تالانت ئىگىلىرىنى توپلاپ ئىشقا قويۇش كېرەك.

ماقالىدە مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيەنىڭ تەشكىلىي تۈزۈم قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك. مەركەزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي نىزامى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپلەرنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، تەشكىلات تەسىس قىلىش، تەشكىلىي تۇرمۇش، تەشكىلىي يۈرۈشۈش، تەشكىلىي باشقۇرۇش، تەشكىلىي نازارەتچىلىك قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل تەشكىلىي تۈزۈم سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، پارتىيە كومىتېت (پارتىيە گۇرۇپپا)لىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ ھەم ئىجرا قىلىشنى ياخشى تۇتۇشنى چىڭىتىپ، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنىڭ تۈزۈملىشىش، قېلىپلىشىش، ئىلمىيلىشىش سەۋىيەسىنى ئۆزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى بىرتۇتاش پىلانلاپ، تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ كېڭىيىشىنى قەتئىي توسۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، جەمئىيەت مۇقىملىقى چوڭ ۋەزىيىتىنى قوغداپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش نىشان - ۋەزىپىلىرىنى تاماملاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

بىرىنچىدىن، پۈتۈن كۈچ بىلەن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. ئۈرۈمچى شەھىرىنى مۇھىم نۇقتا قىلغان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىدىغان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش سىستېمىسىنى سېجىل مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت بالدۇر» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قىزىتما ئامبۇلاتورىيەلىرىدە ۋە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە دەل جايىدا ئىلغاپ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمى بويىچە مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتىنى ئىلمىي، ئىنچىكە قانات يايدۇرۇش؛ مۇھىم نۇقتىنى تۆۋەنگە قارىتىش، ئۆتكەلنى ئالدىغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، مەھەللە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇلازىمەت كاپالىتىنى ئەلالاشتۇرۇش؛ «تۆتنى مەركەزلەشتۇرۇش»تە چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگىيى تىبابىتى بىلەن غەرب تىبابىتىنى بىرلەشتۈرۈپ، كۆپ يەنگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىپ، دوختۇرخانىدا يۇقۇملىنىشتىن قاتتىق ساقلىنىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ ئاغرىقلارنى قۇتقۇزۇش - داۋالاش؛ تىببىي ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرى ۋە ئاھالىلەرنىڭ تۇرمۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىنات زاپىسىنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، تەشۋىق قىلىش، تەربىيىلەش، يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشتىن ئىبارەت بۇ مەيدان قاتتىق جەڭدە پۈتۈن كۈچ بىلەن غەلىبە قىلىپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي ياخشى قوغداش كېرەك.

ئىككىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا سېجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، ئەمەلىي ئىقتىسادنى ئەلالاشتۇرۇپ، كۈچەيتىپ، ئۈنۈملۈك سېلىنمىنى پائال كېڭەيتىپ، ئىستېمالنىڭ سۈپىتىنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، يېڭىچە شەھەر - بازارلاشتۇرۇش ئارقىلىق سېلىنما ۋە ئىستېمال ئېھتىياجىغا تۈرتكە بولۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبىغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، ئۆزلۈكسىز تۈردە ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېلاستىكلىقى ۋە يوشۇرۇن ئىقتىدارىنى كۈچەيتىپ، مىقدارنىڭ مۇۋاپىق ئېشىشى بىلەن سۈپەتنىڭ مۇقىم ئۆسۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، قەتئىي تەۋرەنمەي نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش كېرەك. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، «ئالتىدە دەل جايىدا بولۇش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋىۋسكا ئېسىپ جەڭگە ھەيدەكچىلىك قىلىش، مەسىلىلەرنى تۈزىتىش، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنى كۆزىتىش - ئۆلچەش، نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسپىي تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتۇپ، ئېغىر نامراتلىقنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قورغىنىنى قەتئىي ھۇجۇم قىلىپ ئېلىپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان ئۆلچەم بويىچە يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ ھەممىسىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشقا، نامرات ناھىيەلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، ياخشىلاشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى سېجىل يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، خەلق ئۈچۈن ئەمەلىي ئىشلارنى پۇختا، ياخشى قىلىپ، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەقىقىي تۈردە تەرەققىيات نەتىجىلىرىنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملەشتە ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك.

بەشىنچىدىن، بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تۈزەش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى قەتئىي ياخشى قىلىش كېرەك. سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق، قار - مۇزلۇقمۇ بىر بايلىق دېگەن ئىدىيەنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىنى سېجىل ياخشى قىلىپ، يېشىل تەرەققىيات شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، تىرىشىپ ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك گۈزەل شىنجاڭ بەرپا قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، تۈرلۈك قوللاش سىياسىتىدىن ياخشى پايدىلىنىش، تولۇق پايدىلىنىش كېرەك. دۆلەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىساد سىياسىتىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭغا بەرگەن ئالاھىدە سىياسەتلىرىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، تولۇق پايدىلىنىپ، جانلىق پايدىلىنىپ، سىياسەتلەرنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئايلىنىشنى تەڭشەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سۈپەت، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈپ، تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى، پۇختا، جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداش كېرەك. ئاگاھ سىگنالىنى ئۇزاققىچە ياڭرىتىپ، ھوشيارلىقنى دائىم ساقلاپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ، بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئۈنۈملۈك بولغان مۇقىملىقنى قوغداش تەدبىرلىرىدە تەۋرەنمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، ئاما خىزمىتىنى چوڭقۇر، ئىنچىكە ياخشى ئىشلەپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش، باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك.

سەككىزىنچىدىن، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئىلمىي پىلانلاش كېرەك. ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن تەپەككۇر قىلىش، پۈتۈن ۋەزىيەت خاراكتېرلىك پىلانلاش، ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرۇش، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەيتىپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتنىڭ باسقۇچلۇق ئالاھىدىلىكى ۋە دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە، يېڭى خىرىسلارنى توغرا ئىگىلەپ، «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىيات نىشانى، پىكىر يولى، تەدبىرلىرىنى ئالدىن پىلانلاپ، ياخشى قەدەم ئېلىشقا، ياخشى باشلىنىش بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

توققۇزىنچىدىن، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك. تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە كۈچىنى توپلاپ ۋە ئۈنۈمىدىن پايدىلىنىپ، دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار بىلەن ھەمكارلىشىپ بىللە ئىشلەشنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر يۆنىلىشتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەش كېرەك.

ئونىنچىدىن، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى قوللاش كېرەك. شى جىنپىڭ ئارمىيىنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى ۋە يېڭى دەۋردىكى ھەربىي ئىشلار ئىستراتېگىيەلىك فاڭجېننى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلەت مۇداپىئە پەن - تېخنىكىسىدا يېڭىلىق يارىتىش، دۆلەت مۇداپىئە قۇرۇلۇشى، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتى قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى قوللاپ، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇپ، پۈتكۈل جەمئىيەتتە ھەربىيلەرنى ھۆرمەتلەيدىغان، ئارمىيەگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، دۆلەت مۇداپىئەسىنى قوللايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن، شۈ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.